# مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

(2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى)

**شى جىنپىڭ**

**يولداشلار، دوستلار:**

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، بۇ يىغىننى ئېچىشتىكى مەقسەت جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش، نەتىجىلەرنى ئەسلەش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، ئىشەنچنى چىڭىتىش، يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش.

70 يىل ئىلگىرىكى 9 ـ ئايدا، جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ۋە خەلقىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش تارىخىي خاراكتېرلىك غەلىبىسى زەپەر مارشىدا، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ باشلىنىش سۆزىدە مەردانىلىك بىلەن مۇنداق دېدى: بىزنىڭ خىزمىتىمىز ئىنسانىيەت تارىخىغا يېزىلىدۇ، ئۇ ئىنسانلار ئومۇمىي سانىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئورنىدىن دەس تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ يەردە، مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! خەلق سىياسىي كېڭىشىگە قاتناشقان ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار، ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى قېرىنداشلار، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى قېرىنداشلار، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلاردىن سەممىي ھال سورايمەن!

مۇشۇ ۋاقىت، مۇشۇ پەيتتە، بىز مىللىي مۇستەقىللىق، خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلغان ئىنقىلابىي ئەجدادلار ۋە غايىلىك، ئىرادىلىك زاتلارنى چوڭقۇر ياد ئېتىمىز، يولداش ماۋ زېدۇڭ، يولداش جوۋ ئېنلەي، يولداش دېڭ شياۋپىڭ، يولداش دېڭ يىڭچاۋ، يولداش لى شيەننيەن قاتارلىق خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن پېشقەدەم رەھبەرلىرىنى چوڭقۇر ئەسلەيمىز. بىز خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرى ۋە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇۋاتقان بارلىق كىشىلەرنى مەڭگۈ ئېسىمىزدە ساقلىشىمىز كېرەك!

يولداشلار، دوستلار!

خەلق سىياسىي كېڭىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزم بىرلىك سەپ نەزەرىيەسى، پارتىيە نەزەرىيەسى، دېموكراتىك سىياسىي نەزەرىيەنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ سىياسىي تۈزۈمدە ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ ئىجادىيەت. 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خەلق سىياسىي كېڭەش ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باش تېمىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىگە مۇلازىمەت قىلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي مەزگىلىدە ئىنتايىن مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزۈپ، يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن ئومۇميۈزلۈك تەييارلىق كۆردى. يىغىندا ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇن خاراكتېرىگە ئىگە جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئورتاق پروگراممىسى ۋە جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تەشكىلىي قانۇنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىلىي قانۇنى ماقۇللاندى، دۆلەت پايتەختى، دۆلەت بايرىقى، دۆلەت شېئىرى، يىلنامە توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى، سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. بۇ ھەم خەلق سىياسىي كېڭەش تۈزۈمىنىڭ رەسمىي ئورنىتىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق سىياسىي كېڭەش خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، يېڭى خەلق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى تاماملاش، سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمنى ئورنىتىش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. 1954 ـ يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندىن كېيىن، خەلق سىياسىي كېڭەش داۋاملىق دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشى ۋە جەمئىيەت تۇرمۇشىدا ئالاھىدە نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئىگە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى.

1978 ـ يىلى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى، خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى يېڭى دەۋرگە كىردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، باش تېمىسى، فۇنكسىيەسىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ خاراكتېرى ۋە رولىنى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈشكە تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش تۈزۈمىنى دۆلىتىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك ئاساسىي سىياسىي تۈزۈمى قىلىپ بېكىتتى. خەلق سىياسىي كېڭىشى پارتىيەنىڭ نەزەرىيە ۋە لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تىرىشىپ بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغاپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغانلىكى بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتى توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىلارنى چىقاردى. خەلق سىياسىي كېڭەش يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ خاراكتېرى، ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىشقا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئاچتى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بىز تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بىر قاتار يېڭى تەلەپلەرنى قويدۇق، بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچىدىن، پارتىيەنىڭ خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، ھەرقايسى تەشكىلاتلار، ھەرقايسى مىللەتلەر، ھەرقايسى قاتلاملار، ھەر ساھە زاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق تاللىشى، سىياسىي كېڭەشنى قۇرغان ۋاقىتتىكى ئەسلىي مەقسىتى، خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئىلگىرىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى سىياسىي كېڭەشنىڭ بارلىق خىزمىتىگە سىڭدۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بولغان تۈرلۈك تەلەپلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ خاراكتېرى، ئورنىنى توغرا ئىگىلەش. خەلق سىياسىي كېڭەش بىرلىك سەپ تەشكىلاتى، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى كېڭىشىش ئاپپاراتى، خەلق دېموكراتىيەسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سوتسىيالىستىك كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنىڭ مۇھىم يولى ۋە مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتى، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى. خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ خاراكتېرى، ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي تەرەققىيات يولىدا مېڭىشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش. كېڭىشىش دېموكراتىيەسى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم شەكلى، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سىياسىيسىنىڭ خاس شەكلى ۋە ئۆزگىچە ئەۋزەللىكى. خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنى فۇنكسىيەنى ئادا قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش، چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك كۈچەشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى پائال چۆرىدەپ، دېموكراتىك نازارەتچىلىكنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، دۆلىتىمىزنىڭ يېڭىچە سىياسىي پارتىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي كېڭىشىش تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك ئاساسىي سىياسىي تۈزۈمى، جۇڭگو تۇپرىقىدا ئۆسۈپ چىققان يېڭىچە سىياسىي پارتىيە تۈزۈمى، خەلق سىياسىي كېڭەش دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلارنىڭ سىياسىي كېڭەشتە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

بەشىنچىدىن، قەلب ۋە كۈچنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەش. خەلق سىياسىي كېڭەش بىرلىك سەپ تەشكىلاتلىق ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۈيۈك ئىتتىپاقلىق، بۈيۈك بىرلىشىشتە چىڭ تۇرۇپ، بىردەكلىك ۋە كۆپ خىللىقنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئورتاق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساسنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەپ، تىرىشىپ ئەڭ چوڭ ئورتاقلىق ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئەڭ چوڭ مەركەزداش چەمبىرەكنى سىزىپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملىشى كېرەك.

ئالتىنچىدىن، دىققەتنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش. خەلق سىياسىي كېڭەش بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ ئاتلىنىشنى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش يۆنىلىشى قىلىپ، تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، چوڭ ۋەزىيەتنى زىچ چۆرىدەپ، مۇھىم نۇقتىلارنى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسىلىلەرنى نىشانلاپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭقۇر كېڭىشىپ، نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يەتتىنچىدىن، خەلق سىياسىي كېڭەش خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش. خەلق سىياسىي كېڭەش خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇھىم كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئاممىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىش روھى ئارقىلىق ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش. خەلق سىياسىي كېڭەش ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىينى ئىگىلەش ئىقتىدارى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىقتىدارى، ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش ئىقتىدارى، ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلەش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئاشۇرۇشى كېرەك. ئەزالار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەزالارنى سىياسىي كېڭەشنى چۈشىنىش، كېڭىشىشنى بىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا ماھىر بولۇش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، قائىدىگە ئەھمىيەت بېرىش، ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىشكە تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك.

70 يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خەلق سىياسىي كېڭەش تۈزۈمى كۆپ تەرەپتىن ئۆزگىچە ئەۋزەللىككە ئىگە. ماركس، ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «دېموكراتىيە دېگەن نېمە؟ ئۇ جەزمەن بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك، بولمىسا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا ھەممە مەسىلە دېموكراتىيەنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتىنى بېكىتىشتە.» دېموكراتىك سىياسىينى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ شەكلى مول، رەڭدار بولۇپ، ئۆلۈك ئەندىزىگە ئېسىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە دېموكراتىيەنى جۇڭگودا يولغا قويۇشقا بولىدۇ، ناھايىتى ئەسقاتىدۇ. يېڭى ۋەزىيەتتە، بىز چوقۇم خەلق سىياسىي كېڭەش تۈزۈمىدە ياخشى چىڭ تۇرۇپ، خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنى ياخشى راۋاجلاندۇرۇپ، بىرلىك سەپ خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىشنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى پارتىيەنىڭ ئەتراپىغا ئىتتىپاقلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

يولداشلار، دوستلار!

ھازىرقى دۇنيا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاچقۇچلۇق پەيتتە تۇرماقتا. نىشانغا يېقىنلاشقانسېرى، ۋەزىيەت مۇرەككەپلەشكەنسېرى، ۋەزىپە قانچە مۈشكۈل بولغانسېرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى شۇنچە جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، دۆلىتىمىز ئىچى ـ سىرتىدىكى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، تەڭ كۈچ چىقىرىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

يېڭى دەۋردە خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ ئومۇمىي تەلىپى: يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئورتاق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساسنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئاساسىي ئوقى قىلىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىشنى خىزمەتنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلىپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەشنى مەركىزىي ھالقا قىلىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باش تېمىدا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئورتاق تونۇشنى تېخىمۇ ياخشى مۇجەسسەملەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمەت تەلەپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دۆلىتىمىز ئىچى ـ سىرتىدىكى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، خەلق سىياسىي كېڭەش تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

بىرىنچى، خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش. مەن جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە، ئىش بولسا كېڭىشىش، كۆپچىلىكنىڭ ئىشىنى كۆپچىلىك كېڭىشىش، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپىنىڭ ئەڭ چوڭ ئورتاقلىقىنى تېپىپ چىقىشنىڭ خەلق دېموكراتىيەسىنىڭ چىن مەنىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدىم. كېڭىشىش دېموكراتىيەسى پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلىدىغان، خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇھىم تۈزۈم لايىھەسى بولۇپ، سايلام دېموكراتىيەسى بىلەن بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر ـ بىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. خەلق سىياسىي كېڭىشىش داۋامىدا كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلق دېموكراتىيەسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ ھەم تارىخىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھەم دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەسىنىڭ ئىشلارنى كۆپرەك كېڭىشىش، ئىشلارغا يولۇقسا كۆپرەك كېڭىشىش، ئىش قىلىشتا كۆپرەك كېڭىشىش ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى.

پىكىر ئاڭلاش، پىكىر ئاڭلاشقا جۈرئەت قىلىش، بولۇپمۇ تەنقىدنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، خىزمەتلەرنى ياخشىلاش ئىشەنچى بولۇش، كۈچى بولۇشنىڭ ئىپادىسى. سوتسىيالىستىك كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، «ئىتتىپاقلىق ـ تەنقىد ـ ئىتتىپاقلىق» ئېسىل ئەنئەنىسىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، پىكىرگە كەڭ يول ئېچىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئىدىيە، كۆزقاراشنىڭ تولۇق ئىپادىلىنىشى ۋە چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، باراۋەر كېڭىشىش، باشقىلارغا زورلاپ تاڭماسلىق، قائىدىگە ئەمەل قىلىش، تەرتىپلىك كېڭىشىش، ھەركىم ئۆز گېپىنى قىلىپ تۇرۇۋالماسلىق، چۈشىنىش، كەڭ قورساق بولۇش، سەممىي كېڭىشىش، ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، تەرسالىق قىلماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەڭ ـ كۇشادە سۆزلىشىدىغان، ھەركىم ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان، ھەم ئىدراكىي ئۆلچەم بولغان، قانۇنغا ئۇيغۇن، نىزامنامىگە ئاساسلىنىدىغان ياخشى كېڭىشىش كەيپىياتى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ھەر خىل پىكىر ۋە تەنقىدلەرگە قارىتا، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىدە چىڭ تۇرغانلا بولسا، كۆپچىلىكنىڭ سۆزلىشىگە يول قويۇش، قۇلاققا ياقمىسىمۇ، ئۆتكۈررەك بولسىمۇ، كەمچىلىك ۋە خاتالىقنى كۆرسىتىپ بەرسە خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىش پوزىتسىيەدە بولۇپ، بار بولسا تۈزىتىش، يوق بولسا ساقلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش تۈزۈم ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئېھتىياجلىق. پارتكومنىڭ ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش بىلەن بىرلىكتە يىللىق كېڭىشىش پىلانى تۈزۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، كېڭىشىشنىڭ تەدبىر بەلگىلەشتىن ئىلگىرى ۋە تەدبىرنى يولغا قويۇش داۋامىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىياسىي كېڭەش كېڭىشىپ بېكىتىلگەن ئىشلارنى جەزمەن كېڭىشىشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن تەدبىر بەلگىلەپ يولغا قويۇشقا تاپشۇرۇش، كېڭىشىشكە قاتنىشىش دائىرىسى، مۇزاكىرە قىلىش پرىنسىپى، ئاساسىي تەرتىپى، پىكىر ئالماشتۇرۇش شەكلى قاتارلىقلار ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىش كېرەك.

ئىككىنچى، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەش. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەن: سىياسىي دېگىنىمىز بىزنى ھىمايە قىلىدىغانلارنى كۆپەيتىش، بىزگە قارشى تۇرىدىغانلارنى ئازايتىش دېگەنلىكتۇر. پارتىيەمىزنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتقا رەھبەرلىك قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشتە تايانغىنى دەل مۇشۇ. يېڭى دەۋر شارائىتىدا، بىز داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيمىز دەيدىكەنمىز، جەزمەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، قوزغىتىشقا بولىدىغانلىكى بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغىتىشىمىز كېرەك.

كۆپچىلىكنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا، ئىدىيەنى يېتەكچى قىلىپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش كەم بولسا بولمايدۇ. خەلق سىياسىي كېڭەش ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئارقىلىق تىرىشىپ پارتىيەنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرىدىغان ۋە كۈچەيتىدىغان مۇھىم بازا، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى ئارقىلىق ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ۋەكىللىك زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، تەربىيەلەيدىغان، يېتەكلەيدىغان مۇھىم سەھنە، ئورتاق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساستا زىددىيەتلەرنى پەسەيتىدىغان، تۈگىتىدىغان ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەيدىغان مۇھىم يولغا ئايلاندى. خەلق سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنى پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئېقىم مەسىلىلىرى سىياسىتىنى ئۆگىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى ۋە بىرلىك سەپ تارىخى، خەلق سىياسىي كېڭەش تارىخىنى ئۆگىنىپ، توغرا تارىخ قارىشى ۋە چوڭ ۋەزىيەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشتە بىردەكلىك بىلەن كۆپ خىللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بىردەكلىك ئورتاق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساسنىڭ بىردەكلىكى بولۇپ، كۆپ خىللىق مەنپەئەتنىڭ كۆپ مەنبەلىكى، ئىدىيەنىڭ كۆپ خىللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، كۆپ خىللىقنى ھۆرمەت قىلىش داۋامىدا بىردەكلىك ئۈستىدە ئىزدىنىش، «ئوخشاش» قىلىپ قويماسلىق كېرەك. بىرلىك سەپنىڭ ئىچكى ئىدىيەۋى ھەرىكەت ھالىتىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، بىرقىسىم سەزگۈر نۇقتا، خەۋپلىك نۇقتا، كۆڭۈل بۆلۈنۈۋاتقان نۇقتىلاردا ئىدىيەۋى ـ سىياسىي جەھەتتىن يېتەكلەش بىلەن دائىملىق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى بىرلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)